

ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

# «ياخشى يول»نى توغرا تېپىش «نامراتلىق قالپىقى»نى چۆرۈپ تاشلاش

## —— ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى، خوتەن شەھەرلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ سەكسەن كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدىن خاتىرە

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئۈلگىلىك مىسال

□مۇخبىرىمىز لى داۋجۈك

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن شەھىرى گۈجانباغ يېزىسىنىڭ سەكسەن كەنتىگە جايلاشقان جىيايى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت پىششىقلاش زاۋۇتىدا، بۇ كەنتنىڭ كەنت ئاھالىسى ئادالەت ئەستۇللا ۋە ئىشداشلىرى مەكتەپ فورمىسى تىكىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. «مەن زاۋۇتتا ئىشلەپ ئايدا 1500 يۈەن تاپالايمەن.» ئادالەت خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: بۇ كىرىمگە ئېرىشكەندىن كېيىن، مەن بىلەن بىللە زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان 35 نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشاي دەپ قالدى.

### كەنت قۇرغان زاۋۇتلار ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بەردى

سەكسەن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى، خوتەن شەھەرلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ خوتەن شەھىرى گۈجانباغ يېزىسىنىڭ سەكسەن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بىلەن بىرلىشىپ، كەنتتە كارخانا قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش سۈپىسى بىلەن تەمىنلىدى. خىزمەت ئەترىتى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، كەنتتە جىيايى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، زاۋۇت 2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. نۆۋەتتە، 76 كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان مەكتەپ فورمىسى، خىزمەت فورمىسى قاتارلىق كىيىم ـ كېچەكلەر بازاردا قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى.

بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرى زاۋۇتقا كېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىزمەت ئەترىتى يەنە زاۋۇت رايونىدا مەخسۇس بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش ئورنى قۇرۇپ، بالىلارغا ھەقسىز ھاۋالىلىك قاردى. «زاۋۇتتا ئىشلىگەندە، ھېيت ـ بايراملاردا مۇكاپات تارقىتىلىدۇ، تۇغۇلغان كۈنىمىزنى كوللېكتىپ تەبرىكلەيمىز، كۈچلۈك تەۋەلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولدۇق» دېدى كەنت ئاھالىسى بۇئالى مەتتوختى.

2018 ـ يىلى، خىزمەت ئەترىتى يەنە كەنتتىكى يېمەكلىك زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، قېتىق، ماروژنى، ناۋات، كونسېرۋا قاتارلىق ئالتە چوڭ تۈردىكى 60 نەچچە خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى. بۈگۈنكى كۈندە، 20 نەچچە كەنت ئاھالىسى يېمەكلىك زاۋۇتىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى.

### ھەمكارلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەممەيلەننى ئورتاق بېيىتتى

«باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، بىر يىل جاپا تارتىپ كالا باقساممۇ ھېچقانچە پۇل تاپالمايتتىم. ھازىر ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرىپ، ئىشىم يەڭگىللەپلا قالماي، يەنە پايدا تەقسىملەپ بېرىدۇ» دېدى سەكسەن كەنتىنىڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا كەنت ئاھالىسى مەتئابدۇللا ئەخمەتتوختى.

سەكسەن كەنتىدىكى بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشنى ئويلىسىمۇ، ئەمما ئۆيىدىكى چارۋىلارنى باقىدىغان ئادەم يوق ئىدى. خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىش، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئارقىلىق باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشنى قارار قىلدى. تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەش ئارقىلىق، 72 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرىپ، ھەر يىلى بىر قويغا 150 يۈەن، بىر كالىغا 950 يۈەن ئۆلچەم بويىچە تەقسىملىنىدىغان پايدىنى ئالدى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى 2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە، جەمئىي 35 كالا، 170 قوي، 12 مىڭ چىپار قارا توخۇنى ھاۋالىلىك باقتى. بۇ، ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى، ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.

كەنت ئاھالىسى توختسۇلايمان ياسىن ئىلگىرى ئۆزى يالغۇز سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئۇ ۋە خوتۇنى ئۆيىدىكى قويلىرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ھاۋالىلىك بېقىشقا بېرىپ، بىللە سىرتقا چىقىپ پۇل تاپتى. «بىز سىرتتا بىللە ئىشلىسەك، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماي، يەنە كىرىمىمىزنى ئاشۇرالايدىكەنمىز» دېدى توختسۇلايمان.

2018 ـ يىلى، پۈتۈن كەنت بويىچە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ سانى 656 كىشىگە يەتتى.

### ئېلېكترونلۇق سودا سۈپىسى كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

«قەدىردانلىرىم، كۆپچىلىك كۆرۈپ تۇرغان بۇ گۈلقەنت خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل يېمەكلىكى، تەمى ياخشى بولۇپلا قالماي، يەنە چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ!» 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ئارزۇ ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى زۇلپىقار مۇختەر يان تېلېفوندىن پايدىلىنىپ تور بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسىدا مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى. «ھازىر تور دۇكىنىمىزدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى ئالاھىدە ياخشى، بۇنىڭ ھەممىسىدە خىزمەت ئەترىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىمەن» دېدى زۇلپىقار.

زۇلپىقار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شاڭخەيدىكى بىر شىركەتتە خىزمەت قىلغانىدى، 2017 ـ يىلى خوتۇنى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەندە خىزمەت ئەترىتى تەۋسىيە قىلغان خوتەن شەھىرىدىكى ياشلار ئېلېكترونلۇق سودا ئىگىلىك تىكلەش كۇرسىغا قاتناشتى. تەربىيەلىنىشكە قاتناشقاندىن كېيىن، زۇلپىقار ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىدا تور دۇكىنى ئېچىپ خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئويى پەيدا بولدى. زۇلپىقار خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولۇۋاتقانلىق ئويىنى ئېيتىپ، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، ئۇ شەھەر مەركىزىدىن ئىككى يۈرۈش دۇكان تاپتى ھەم 10 مىڭ يۈەن تۆر قوللاش مەبلىغى ئىلتىماس قىلدى.

ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، كەنتنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئارزۇ ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ئېلېكترونلۇق سودا يولى ئېچىپ بەردى.

«ئارزۇ ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلاشقاندىن كېيىن، ئۆيدە تۇرۇپلا بېيجىڭ، شاڭخەي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن زاكاز قوبۇل قىلالايدىغان بولدۇم» دېدى ياڭاق سېتىۋېلىش چوڭ ئائىلىسى يۇنۇس روزىمەمەت خۇشال ھالدا.

ھازىر، ئارزۇ ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ گۈلقەنت، ھەسەل، قۇرۇق ئۈزۈم، سوقماق قاتارلىق ئون خىلدىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە، قىزىلگۈل غۇنچىسىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە سېتىلىش سوممىسى 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكلىشىدە، 2018 ـ يىلى سەكسەن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 8000 يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، نامرات كەنت دېگەن قالپاقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چۆرۈپ تاشلىدى.

«بۇ يىل بىز خىزمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، ئېلېكترونلۇق سودا سۈپىسىنى زورايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىدىن بارغان سەكسەن كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى شۇ يۈگجى.



6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، توشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بوجەنلەرگە قاراپ، توختىمەمەتنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

سۈرەتلىك ھېكايە

# بوجەن بېقىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

□ مۇخبىرىمىز جىن شىشىن فوتوسى، خەۋىرى

«بۇ توشقانلار بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى گۆھىرىمىز.» 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسى كاسا شاخلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى توختىمەمەت مەخپىز، بىر تەرەپتىن قاما توشقىنىنىڭ چوڭ بولۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆرگەچ، بىر تەرەپتىن مۇخبىرغا شۇنداق دېدى.

توختىمەمەت كاسا شاخلىق كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە. 2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قاراقاش ناھىيەسى ئىچكىرىدىن زامانىۋى چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق كارخانىسىنى كىرگۈزدى. بۇ كارخانا كەنت ئاھالىلىرىنى نەسىللىك توشقان، يەم ـ خەشەك ۋە باقمىچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ كاسا شاخلىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، بۇلتۇر 10 ـ ئايدا، توختىمەمەت 55 نەسىللىك توشقان باقتى.

توختىمەمەت مۇنداق دېدى: «بوجەن 50 كۈن بېقىلغاندىن كېيىن سېتىۋېلىش تەلىپىگە يېتىدۇ، ھازىرغا قەدەر ئالتە تۈركۈم بوجەن سېتىپ، 5000 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدىم.»

نۆۋەتتە، قاراقاش ناھىيەسى تۆت يېزا ـ بازاردا توشقان باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇپ، باقمىچىلىق پارنىكىدىن 150نى سالدى، پۈتۈن ناھىيەدىكى 1200دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە بۇنىڭغا قاتناشتى. قاراقاش ناھىيەسى بۇنىڭدىن كېيىن باشلامچى كارخانىلارنى داۋاملىق يۆلەپ، قاما توشقىنى كەسپىنىڭ ئىنچىكە پىششىقلاش كەسپ زەنجىرىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى.



پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ كاسا شاخلىق كەنتىدە، باشلامچى كارخانىلار توشقان بورداش كاتەكلىرىدىن 14نى قۇردى، كاتەكتىكى نەسىللىك توشقان 110 مىڭدىن ئاشتى. (6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تارتىلغان).



6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، توشقان بېقىپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن كۆپلىگەن كەنت ئاھالىسى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنى ئىزدەپ، توشقان بېقىشقا تىزىملاتتى.

# يوقالغان كىچىك كىمسى ئۆزگەرمىگەن كىچىك

(بېشى 7 ـ بەتتە)

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى، يۇدۇ ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا كاتىپلىق قىلغان جاڭ دېمېي ئىنقىلابىي تارىخ خاتىرە سارىيى(ئىلگىرىكى مەركىزىي قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش خاتىرە سارىيى)نى قۇرۇشقا ئاجرىتىلغان، شۇ چاغدىكى تارىخ تەرىپىدىن چوڭقۇر جەلپ قىلىنغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك زىيارەت ۋە خاتىرىلەر ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن. جياڭجۇندىن سوۋېت رايونىنىڭ پېشقەدەم كادىرىغىچە، يۇدۇ دالىلىرىدىن غەربىي شىمال چېگراسىغىچە، شۇنىڭدىن كېيىنكى يېقىنقى 20 يىلدا، جاڭ دېمېي جۇڭگونىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئۇزۇن سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك 200 نەچچە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگۈچىنى زىيارەت قىلغان.

«قىزىل بايراقنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە جەۋلان قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتە.» ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان جاڭ شياۋپىڭ «ئۇزۇن سەپەردىكى بىرىنچى كىچىك» ھەققىدىكى 30دىن ئارتۇق خاتىرىنى ساقلىغان، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياشلارغا يېقىنلىشىپ، خاتىرە سارىيىدىكى «قىزىل ئارمىيە چىغ چورۇق كىيىپ 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنى تاماملاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى كۆتۈۋالدى» دېگەن ئىدىيەگە ۋارىسلىق قىلدى، چىغ چورۇق بىلەن تىزىپ چىقىلغان بىر پارچە جۇڭگو خەرىتىسى مەنبەنى ئىزدەۋاتقان ساياھەتچىلەر جەزمەن سۈرەتكە تارتىدىغان «توردا داڭق چىقارغان» چوقۇم كۆرۈپ ئۆتىدىغان بەلگىگە ئايلاندى.

يۇدۇ دەرياسى تالاي يىللار ئاقتى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلگىرىكى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگۈچىلەر بىر ـ بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتتى، دەل بۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقالغان بايانلاردىن 85 يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ ئۇلۇغ يۈرۈشنىڭ سەپەرگە چىقىش خاتىرىسى قۇراشتۇرۇلۇپ، تارىخنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ خاتىرىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورناپ كەتكەن سەپەرگە ئاتلىنىش ۋە خوشلىشىشنى خاتىرىلىدى، بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، مەنبە ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىلگىرىكى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە شەرەپنى ياد ئېتىشنىڭ ئىزناسىغا ئايلاندى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)